# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
29
سەيشەنبە
维吾尔文 9 月29日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25199 - سان　بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو - كۇبا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

## لى كېچياڭ كۇبا زۇڭلىسى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى رائۇل كاسترو، كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى دىئاز كانېل بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ رائۇل كاستروغا ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىن ئاچتى

# 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان ھۆججەت مۇزاكىرە قىلىندى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى» قاراپ چىقىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ «14 - بەش يىل»لىق پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشاندىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىش قارار قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ» نۇسخىسىغا پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى بەلگىلىك دائىرىدە ۋە تورلاردا پىكىر ئېلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتۈپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان پىكىرگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھۆججەت نۇسخىسىنى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۇ قېتىمقى پىكىر ئېلىشتا دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سورىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستى جارى قىلدۇرۇلۇپ، پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. بۇ مەزگىلدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈرۈشلۈك سۆھبەت يىغىنلىرىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بىۋاستە ئاڭلىدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكلىپ نۇسخىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەكلىپ نۇسخىسىدا باش تېما روشەن، مەزمۇن يۈكسەك، نىشان ئايدىڭ، تەدبىر كۈچلۈك بولۇپ، دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن ناھايىتى ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەكلىپ نۇسخىسىدا ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى ۋە ئاممىنىڭ تەقەززاسى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرى تولۇق قوبۇل قىلىندى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىدۇر.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «13 - بەش يىل» مەزگىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچى بولۇپ، چېگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# «شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى» رەسمىي نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** خەلق گېزىتىنىڭ چەت ئەل نۇسخىسى تەشكىللەپ تۈزگەن «شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى» يېقىندا شاڭخەي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىر قاتار يېڭى تەدبىر، يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقاردى، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت تەسىس قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىللە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىش ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىش

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

«ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كەڭ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

«ئاھالىلەرنىڭ ئىلگىرىكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى يىللىق ئوتتۇرىچە 9.1% ئاشتى» «بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى»... باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆزىدە شىنجاڭنىڭ بىر قاتار تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى، بۇ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقسارايى يېزىسى ئۈزۈنئېرىق كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ئوروزئەلى قوشقاربايدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

«2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ھەممىگە ئايان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى لەززەتكە تولۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.» ئوروزئەلى مۇنداق دېدى: بىز كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتنى داۋاملىق ساقلاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەيلى

## ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك.

2014 - يىلى باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا «ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تېزلىكتە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال.

بىلىش قانچە ئېنىق بولسا، ھەرىكەت شۇنچە پۇختا بولىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تېزلىكتە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىپ، سادىقلىقنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ئېتىقادنى ئۆگىنىپ چىقىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ماھارەتنى ئۆگىنىپ چىقىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# جەنۇبىي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە ماھارەت ئىختىساسلىقلىرى تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى

## جاڭ جىنەن، شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە ماھارەت ئىختىساسلىقلىرى تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماھارەت ئىختىساسلىقلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەردە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر جاڭ جىنەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# مۇلازىمەت كەسپى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ مۇلازىمەت كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، مۇلازىمەت يېڭى كەسپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، ئىقتىسادقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 1 -، 2 - كەسىپتىن ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى.

بۇ يىل، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك، پارچە سېتىش، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپلەر بارلىق ياخشى چارە - ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، توردىكى مۇلازىمەت بىلەن تور سىرتىدىكى مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈپ مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تىجارەت كەسپى ھالىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ دائىملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئالاقە تورى، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋەكىللىكىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ ئېشىشى تېز بولۇپ، توردا كۆڭۈل ئېچىش، توردا تەربىيەلەش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)